شىنجاڭ گېزىتى
新疆日报 شىنجاڭ گېزىتى

2020- يىل 7- ئاي
3
جۈمە
维吾尔文 7 月3日

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى   新疆日报网：www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65－0002/－W
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1－57   ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com   25111- سان   بۈگۈن 4 بەت

ئالدىنقى بەش ئايدا ئاپتونوم رايونىمىزدا يېڭىدىن ئىش باشلانغان تۈردىن ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 772سى كۆپەيدى

تۇراقلىق مۈلۈك سېلىنمىسى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 24.1% ئاشتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **شى شىن**، پىراكتىكانت **جياڭ يياۋ**نىڭ ئاپتونوم رايونلۇق تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتىدىن ئىگىلىشىچە، بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى بەش ئېيىدا، ئاپتونوم رايونىمىزدا 2269 تۈردە يېڭىدىن ئىش باشلانغان بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 772سى كۆپەيگەن، تۇراقلىق مۈلۈك سېلىنمىسىدا بىرقەدەر تېز ئېشىش ساقلانغان.

ئىگىلىنىشىچە، بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى بەش ئېيىدا، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە تۇراقلىق مۈلۈك سېلىنمىسى(دېھقان ئائىلىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ) ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 24.1% ئېشىپ، ئېشىش سۈرئىتى ئالدىنقى يىلنىڭ ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 14.5 پىرسەنت پوئېنت يۇقىرى بولغان. يېڭىدىن ئىش باشلانغان تۈرلەردە قۇرۇلۇش تېزلىتىلىپ، سېلىنما ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 51.5% ئېشىپ، سېلىنمىنىڭ 13.3 پىرسەنت پوئېنت ئېشىشىغا تۈرتكە بولغان.

(ئاخىرى 2- بەتتە)

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن، مەركىزىي ھەربىي كومىتېت

«جۇڭگو خەلق پىدائىي قىسمىنىڭ ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن دۆلەتتىن چىقىپ ئۇرۇش قىلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقى» خاتىرە ئىزنىكى تارقىتىدۇ

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 7 - ئاينىڭ 2 - كۈنى تېلېگراممىسى بۇ يىل جۇڭگو خەلق پىدائىي قىسمىنىڭ ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن دۆلەتتىن چىقىپ ئۇرۇش قىلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن، مەركىزىي ھەربىي كومىتېت نامىدا «جۇڭگو خەلق پىدائىي قىسمىنىڭ ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن دۆلەتتىن چىقىپ ئۇرۇش قىلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقى» خاتىرە ئىزنىكى تارقىتىلىدۇ.

پارتىيە ۋە دۆلەت تۆھپە، شەرەپنى تەقدىرلەش خىزمەت كومىتېتى ئىشخانىسى مەسئۇلىنىڭ تونۇشتۇرۇشىغا ئاساسلانغاندا، «جۇڭگو خەلق پىدائىي قىسمىنىڭ ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن دۆلەتتىن چىقىپ ئۇرۇش قىلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقى» خاتىرە ئىزنىكى تۆۋەندىكى بايان قىلىنغان ئوبيېكتلار ئىچىدىكى شەرتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان خادىملارغا تارقىتىلىدىكەن:

— ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن دۆلەتتىن چىقىپ ئۇرۇش قىلىشقا قاتناشقان، پىدائىي قىسمىنىڭ ھازىر ھايات تۇرۇۋاتقان پېشقەدەم جەڭچىلىرى، پېشقەدەم يولداشلىرى.

— دۆلەتتىن چىقىپ ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۇرۇشى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلغانلار، ھازىر ھايات تۇرۇۋاتقان تېببىي خادىملار، تۆمۈريول خادىملىرى، ترانسپورت خادىملىرى، تەرجىمانلار، ئۇرۇش توختىتىش سۆھبىتى قاتارلىق خىزمەتلەرگە قاتناشقان خادىملار، خەلق ئەسكەرلىرى، خەلق ئىشچىلىرى، ئاخبارات مۇخبىرى، يازغۇچى، فوتوگراف قاتارلىق خادىملار.

(ئاخىرى 2- بەتتە)

ھاللىق تۇرمۇشىمىزغا ئاتلىنايلى

چاپچال ئېكولوگىيە ئورمىنى قۇرۇلۇشىدا 6 مىليون تۈپ كۆچەت تىكىلدى

قاقاس تاغ يېشىللىققا پۈركىنىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشتىكى «يۆلەك»كە ئايلاندى

☐ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز گې يۈجۈن، جاۋ چۈنخۇا، جەزىرە نېسىپبېك

6 - ئاينىڭ 16 - كۈنى كەچتە، چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيەسىدە يامغۇر ياغدى. ئىككىنچى كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئۆزى پەرۋىش قىلىشقا مەسئۇل بولغان 50 مو ئورۇكلۈكتە تۇرغان 52 ياشلىق رەخمەتجان ئايۋاخۇنغا مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ ئۆسۈۋاتقان ئاۋازى ئاڭلانغاندەك بولدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىكى بۇ كەڭ كەتكەن باغلار يۇرتى جاغىستاي بازىرىنىڭ بەختىيار كەنتىنى يېشىللىق بىلەن ئورىغانىدى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، چاپچال ئېكولوگىيە قۇرۇلۇشى بىلەن نامراتلارنى دەل جايىدا يۆلەشنى ئورگانىك بىرلەشتۈرۈپ، 300 مىڭ مو ئېكولوگىيە ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش ئورمىنى قۇرۇلۇشى تۈرىنى قوزغىتىپ، ئېكولوگىيە ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشنىڭ ئۇزاق ئۈنۈملۈك مېخانىزمىنى ئىزدىنىپ تېپىپ چىقتى. بۈگۈنكى كۈندە، بۇ ناھىيە ئالدىن 60 مىڭ مو ئورمان بەرپا قىلدى، 330 ئائىلىلىك ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلە بۇ يەردە كىرىمنى مۇقىم ئاشۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇردى.

6 - ئاينىڭ 16 - كۈنى، ئورمان مۇھاپىزەتچىلىرى چاپچال ئېكولوگىيە ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش ئورمىنىدا مېۋىلىك دەرەخلەرنى پەرۋىش قىلماقتا. ☐ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز ۋاڭ جېن فوتوسى

نامراتلارنى يۆلەش ئورمىنى ياخشى نەپ بەردى

«مېۋىلىك دەرەخلەرنى ئوبدان پەرۋىش قىلساق، كىرىمىمىز بار بولىدۇ!» دېدى ئۆزى پەرۋىش قىلىدىغان ئورماندا تۇرغان رەخمەتجان ناھايىتى ئىشەنچ بىلەن.

ئىككى يىل ئىلگىرى، رەخمەتجان تېخى كەنتتىكى نامرات دېھقان ئىدى، ھازىر ئۇ «خىزمەتنى ئالماشتۇرۇپ» ئېكولوگىيە ئورمان مۇھاپىزەتچىسىگە ئايلاندى. «كۆچەت تىكىش، كۆچەت پەرۋىش قىلىشتىن باشقا، بوش ۋاقتىلىرىمدا يەنە كۈنلۈك ئىشلەپ پۇل تاپالايمەن» دېدى رەخمەتجان.

ئىلى دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىغا جايلاشقان چاپچال ئىلى دەريا ۋادىسىدىكى بىر نۇرلۇق مەرۋايىت. ئەمما شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇيسۇن تېغى باغرىدىكى كەڭ بىر پارچە تۇپراق جۇغراپىيەلىك شارائىت قاتارلىق ئامىللارنىڭ تەسىرىدە، ئۇنۇمسىزلىشىپ، قاقاسلىققا ئايلانغانىدى.

2016 - يىلى، چاپچال گەرچە پۈتۈن ناھىيە بويىچە نامراتلىقتىن تولۇق قۇتۇلۇپ نامراتلىق قالپىقىنى ئېلىۋەتكەن بولسىمۇ، لېكىن 3188 ئائىلىلىك ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلىنى داۋاملىق مۇستەھكەملەپ يۈكسەلدۈرۈشكە توغرا كېلەتتى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ۋەزىپىسى يەنىلا مۇشكۈل ئىدى.

(ئاخىرى 3- بەتتە)

سكانېرلاپ سىنى كۆرۈڭ

ئالتاي — كۆكتوقاي — شەرقىي جۇڭغار تۆمۈريولى پۈتۈن لىنىيە بويىچە تۇتاشتۇرۇلدى

شىمالىي شىنجاڭ تۆمۈريول ئايلانما لىنىيەسى رەسمىي شەكىللەندى

7 - ئاينىڭ 2 - كۈنى، ئىككى رېلىس ياتقۇزۇش ماشىنىسىنىڭ ئىككى گۇرۇپپا 25 مېتىرلىق رېلىسنى رەتلىك تىزىپ ئىتتىرىپ يەرگە چۈشۈرۈشىگە ئەگىشىپ، ئالتاي - كۆكتوقاي - شەرقىي جۇڭغار تۆمۈريولىنىڭ ئالتايدىن كۆكتوقايغىچە بولغان بۆلىكىدە رېلىس ئوڭۇشلۇق ياتقۇزۇلۇپ بولۇندى، بۇ، ئالتاي - كۆكتوقاي - شەرقىي جۇڭغار تۆمۈريولىنىڭ پۈتۈن لىنىيە بويىچە تۇتاشتۇرۇلغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.
☐ جاۋ شۇمىڭ فوتوسى



پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **لۇ فېڭباۋ**، ئىختىيارىي مۇخبىر **مۇ جېپىڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 7 - ئاينىڭ 2 - كۈنى سائەت 13تە، كۆكتوقاي ناھىيەسىدىكى قاراچوقۇ سۇ ئامبىرى 1 - نومۇرلۇق چوڭ كۆۋرۈكتە، ئىككى رېلىس ياتقۇزۇش ماشىنىسىنىڭ ئىككى گۇرۇپپا 25 مېتىرلىق رېلىسنى تىزىپ ئىتتىرىپ يەرگە چۈشۈرۈشىگە ئەگىشىپ، ئالتاي - كۆكتوقاي - شەرقىي جۇڭغار تۆمۈريولى پۈتۈن لىنىيە بويىچە تۇتاشتۇرۇلدى، بۇ، شىمالىي شىنجاڭ تۆمۈريول ئايلانما لىنىيەسىنىڭ رەسمىي شەكىللەنگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

(ئاخىرى 4- بەتتە)

كرىزىس ئىچىدە يېڭى پۇرسەت يېتىلدۈرۈش ئۆزگىرىش ئىچىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش • كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىمىز ⑩

توردا «بېقىۋېلىش»

مېۋە سېتىشنىڭ يېڭى يولىنى ئاچتى

☐ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز چېن چياڭۋېي

6 - ئاينىڭ 30 - كۈنى، مۇخبىر كورلا شەھىرىنىڭ شەھەر ئەتراپىدىكى كاڭجۇاڭ ئېكولوگىيە باغچىسىغا كىرگەندە، نەشپۈتلۈككە ئورنىتىلغان تېلېكامېرا ئۇنى دەرھال جەلپ قىلدى. يەرگە «كورلا نەشپۈتى(لوفېيگو) 2 - نومۇرلۇق بازا» دېگەن خەت يېزىلغان تاختاي ئورنىتىلغان بولۇپ، ئۇنىڭغا «لوتوجيانىڭ دېھقانچىلىق مەيدانى» دېگەن بەلگە قويۇلغانىدى.

مۇخبىرنىڭ ئەجەبلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئېكولوگىيە باغچىسىنىڭ تىجارەت قىلغۇچىسى شىنجاڭ لوتوجيا ئېلېكترونلۇق سودا چەكلىك شىركىتىنىڭ تىجارەت باش نازارەتچىسى ما لىڭلىڭ كۈلۈپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى: «بۇنداق قىلىشتىكى مەقسەت مېۋىلىك دەرەخلەرنى ‹بېقىۋالغان› خېرىدارلارنىڭ نەشپۈت دەرىخىنىڭ ئۆسۈش ئەھۋالىنى ھەر ۋاقىت كۆرۈپ تۇرۇشى، خىزمەتچىلەرنىڭ مېۋىلىك دەرەخلەرنى كۈندىلىك پەرۋىش قىلىشتا ئىشلىتىدىغان ئوغۇت تۈرى، ئېتىز پەرۋىشى ئۇسۇلى قاتارلىقلارنى بىۋاستە كۆرۈپ ئىگىلىشىگە قولايلىق يارىتىش ئۈچۈن».

نەشپۈتلۈكتە بەزى مېۋە بەرگەن نەشپۈت دەرەخلىرىگە يەنە «كىملىك تاختىسى» ئېسىلغان بولۇپ، تاختىغا «بېقىۋالغۇچى»نىڭ ئىسىم - فامىلىسى يېزىلغان، يەنە «بالدۇرراق توي قىلغايسىز»، «ئۆگىنىشتە ئالغا باسقايسىز» قاتارلىق مەزمۇنلاردىكى ئۈمىد سۆزلىرى يېزىلغانىدى.

«مېۋىلىك دەرەخ ‹بېقىۋېلىش› بىز بۇ يىل 5 - ئايدا يولغا قويغان يېڭى كەسىپ، ھازىر، 100 تۈپتىن ئارتۇق نەشپۈت، كۆزلۈك چىلان قاتارلىق مېۋىلىك دەرەخلەر ‹بېقىۋېلىندى›. بۇ يىلقى ھوسۇل پەسلى يېتىپ كەلگەندە، ئىستېمالچىلار پىشىش جەريانىنى كۆرۈپ تۇرغان مېۋىلەرگە ئېغىز تېگەلەيدۇ» دېدى ما لىڭلىڭ.

شىنجاڭ لوتوجيا ئېلېكترونلۇق سودا چەكلىك شىركىتى 2016 - يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، ئىزچىل شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىك خاس مەھسۇلاتلىرىنى سېتىش بىلەن شۇغۇللىنىپ، مەھەللە كوللېكتىپ سېتىۋېلىش، تور سۇپىسى، تور سىرتىدىكى مەخسۇس سېتىش دۇكىنى قاتارلىق سېتىش يوللىرى ئارقىلىق، مەھسۇلاتلىرىنى بېيجىڭ، شاڭخەي، خاڭجۇ قاتارلىق جايلارغا ساتتى، بۇنىڭ ئىچىدە شىنجاڭ سىرتىدىكى كەسپ مىقدارى بۇ شىركەتنىڭ كەسپ ئومۇمىي مىقدارىنىڭ 80%تىن كۆپرەكىنى ئىگىلىدى.

چاغاننىڭ ئالدىدا، تۇيۇقسىز تارقالغان يۇقۇم بۇ ئېلېكترونلۇق سودا كارخانىسىنىڭ كەسپىنى خېلى ئېغىر زەربىگە ئۇچراتتى. «چاغاننىڭ ئالدى دەل نەشپۈت سېتىلىدىغان ئاۋات پەسىل ئىدى، ئويلىمىغان يەردىن يۇقۇمنىڭ تەسىرىدە، بۇ يىل بۇلتۇرقىدىن 3000 تونىنا ئەتراپىدا ئاز سېتىلدى» دېدى ما لىڭلىڭ مۇخبىرغا.

(ئاخىرى 4- بەتتە)

ئاپتونوم رايون ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى ئاچتى

ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى خىزمىتىنىڭ بىخەتەر، تەرتىپلىك، ئادىل، ھەققانىي بولۇشىغا پۈتۈن كۈچ بىلەن ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **جاۋ جيىۈن** خەۋەر قىلىدۇ: 7 - ئاينىڭ 2 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايون ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى ئاچتى، يىغىندا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھى چوڭقۇر ئۆگىنىلدى، ئىزچىللاشتۇرۇلدى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرما، تەلەپلىرى ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، ۋەزىيەت تەھلىل قىلىنىپ، تەتقىق قىلىنىپ، مەسئۇلىيەت چىڭىتىلىپ، پۇختىلىنىپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلىنىپ دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش شارائىتىدا پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ئادىل، بىخەتەر، مۇقىم، تەرتىپلىك بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش تەلەپ قىلىندى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مائارىپ خىزمىتى كومىتېتىنىڭ شۇجىسى لى پېڭشىن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: 2020 - يىللىق ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى ئالاھىدە ئارقا كۆرۈنۈشكە دۇچ كەلدى، ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى ئالاقىدار تارماقلار

(ئاخىرى 3- بەتتە)

ئەتىمىز تېخىمۇ گۈزەل

ئابلىمىتنىڭ بەختلىك كۈنلىرى

☐ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز جېڭ جو، لى شىڭ

6 - ئاينىڭ 20 - كۈنى، ھاۋا ناھايىتى ئوچۇق ئىدى، خوتەن ناھىيەسى ئاھالىسى ئابلىمىت ئابدۇللانىڭ ھويلىسى ھاياتىي كۈچكە تولغانىدى، ئۈزۈم شۆگىلىرى باراڭنى قاپلاپ ھويلا سىرتىدىكى يولغىچە سوزۇلغانىدى، ساپاق - ساپاق يېشىل ئۈزۈملەر ساڭگىلاپ تۇراتتى. «يەنە بىرەر ئايدىن كېيىن، بۇ ئۈزۈملەرنى يېگىلى بولىدۇ. ئۈزۈمىمىز تىككەن، ناھايىتى تاتلىق» دېدى ئابلىمىت كۈلۈپ تۇرۇپ.

ئابلىمىتنىڭ ھازىرقى تۇرمۇشى خۇددى باراڭغا لىققىدە تولغان ئۈزۈمگە ئوخشاش ئۈمىدكە تولدى. ئۇ ھازىر بىر دورا ياساش شىركىتىدە ئىشلەيدۇ، خىزمەت ئورنى ئۆيىدىن بەش كىلومېتىر يىراقلىقتا، خىزمەت قىلغىنىغا ئەمدىلا يېرىم يىل بولغان بولسىمۇ، ئۇ ئىشلەۋاتقان بۆلۈمدە كەسپ تايانچىسىغا ئايلاندى.

(ئاخىرى 3- بەتتە)